# شىنجاڭ تەنتەربىيەسى يەنە بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى تەمىنلىگەن ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتىنا كۆرسىتىلىشىچە، 2017 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈرلۈك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى 130 نەچچە مىڭ مەيدان قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، پائالىيەتكە قاتناشقانلارنىڭ سانى 9 مىليون ئادەم قېتىمغا يەتكەن؛ 2018 ـ يىلى 165 مىڭ مەيدان قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، قاتناشقانلارنىڭ سانى 15 مىليون 20 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن؛ 2019 ـ يىلى 180 مىڭ مەيدان قېتىمغا يېقىن قانات يايدۇرۇلۇپ، قاتناشقانلارنىڭ سانى 18 مىليون 500 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن. 2020 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىمدىن ئارتۇق تەنتەربىيە چېنىقىشىغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى 8 مىليون 500 مىڭغا، دائىم تەنتەربىيە چېنىقىشىغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى 8 مىليونغا يەتكەن.

بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدانلىرى بار بولدى، پۇقرالارنىڭ قىزغىنلىقى ئاشتى، ئىلمىي مەشىق قىلىش مۇھىمنىڭ مۇھىمى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەت دەرىجىلىك، 1 ـ دەرىجىلىك، 2 ـ دەرىجىلىك، 3 ـ دەرىجىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك جەمئىيەت تەنتەربىيە يېتەكچىسىدىن جەمئىي 51 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيەلىدى، ئۇلار چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مەيدان ـ سارايلىرى، مەيدانلاردا كەسپىي بەدەن چېنىقتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە يېزا ـ كەنت، مەھەللىلەردە جانلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىلمىي بەدەن چېنىقتۇرۇش يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلىدى، كەسپىي تەنتەربىيە ماھارىتى ئۆگەتتى.

## ماھارەت تەنتەربىيەسىدە ياخشى نەتىجە يارىتىلدى

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، 2020 ـ 2021 ـ يىللىق مۇسابىقە پەسلىدىكى جۇڭگو ئاياللار ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى (WCBA بىرلەشمە مۇسابىقىسى)نىڭ يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ تەنتەربىيە لاتارىيەسى ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسى 66گە قارشى 82 نەتىجە بىلەن جياڭسۇ ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسىنى شاللىۋېتىپ، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىردى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىنىڭ تەنتەربىيە سىستېمىسى ماھارەت تەنتەربىيەسى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە يۈزلىنىشىگە ئاساسەن، بەدەن ئىقتىدارى مەشىق ئۇسۇلىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، پەن ـ تېخنىكا، ئوزۇقلاندۇرۇش، داۋالاش، پەرۋىش قىلىش، ئارقا سەپ كاپالىتى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ كۈچ سەرپ قىلىپ، مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەت كوماندىلىرىنىڭ ئاساسىي بەدەن ئىقتىدارى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، بەدەن ئىقتىدارى مەشىقىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

2016 ـ يىلىدىكى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم مەملىكەتلىك چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشى ھېسابلىنىدۇ. ھەر مىللەت قار ـ مۇز تەنھەرىكەت ئەزىمەتلىرى ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقاندىن بۇيانقى تارىختىكى ئەڭ ياخشى نەتىجىنى ياراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز تەنھەرىكەتچىلىرى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك ياشلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىق دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ بىردەك بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ 30 نەچچە تۈركۈم قېتىم، 5000 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق تۈر ھالقىپ ماھىر تاللاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئېگىز تاغدا قار تېيىلىش، دالىدا قار تېيىلىش، ئۇزۇن ئارىلىقتا تېز سۈرئەتتە مۇز تېيىلىش(ئەرلەر)، U شەكىللىك مەيداندا ئەركىن قار تېيىلىش(ئاياللار) قاتارلىق تۆت تۈر بويىچە دۆلەت يىغىپ تەربىيەلەش كوماندىسىنىڭ شىنجاڭ گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ قۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىنىڭ ماھارەت سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى ھەم دۆلەتكە ئىختىساسلىقلارنى پائال يەتكۈزۈپ بەردى. 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا قار تېيىلىش بىرلەشمىسىنىڭ جۇڭگو بېيجىڭ دالىدا قار تېيىلىش نومۇر جۇغلاش مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى(چاڭگا بېكىتى)دە، يېنىك ئاتلېتىكا تۈرىدىن تۈر ھالقىپ تاللانغان ئاپتونوم رايونىمىز تەنھەرىكەتچىسى دىلنىگار 2 ـ لىككە ئېرىشتى.

## تەنتەربىيە ـ ساياھەتنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز تەنتەربىيە ـ ساياھەت يۇغۇرما تەرەققىياتىدا خېلى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئۆزگىچە بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، تەنتەربىيە ئېسىل مۇسابىقىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆتكۈزۈپ، تەنتەربىيە ـ ساياھەتنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز جۇڭگو تەكلىماكانى ئايلىنىش(خەلقئارا) دالا راللى مۇسابىقىسى، جۇڭگو شىنجاڭ خەلقئارا قۇملۇق ئىستراھەت تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، جۇڭگو خەلقئارا دالىدا قونۇش يىغىلىشىنىڭ شىنجاڭ بېكىتى، سايرام كۆلىنى ئايلىنىش تاشيول ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم يۇقىرى ئۆلچەملىك، يۇقىرى سەۋىيەلىك خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى سۈپەتلىك ماركا مۇسابىقىلىرىنى كۈچەپ بەرپا قىلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان بەرپا قىلىنغان ئېسىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى بىر تۈركۈم ئېسىل ساياھەت لىنىيەلىرى، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى ۋە ساياھەت مەنزىلگاھلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇپ، تەنتەربىيە + ساياھەت يۇغۇرما تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ نامايان قىلدى.

تەنتەربىيە + ساياھەتنىڭ توپلىنىش ئۈنۈم ئېففېكتى كۆرۈنەرلىك بولدى. سۈپەتلىك ماركا مۇسابىقىلىرىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بارغانسېرى كۆپ داڭلىق تەنھەرىكەتچىلەر شىنجاڭغا كېلىپ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغان جايلارغا دىققەت قىلىش دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، شۇ جاينىڭ ساياھەت ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ساياھەت ئۇل ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.



1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ۋۇ سۇنشەن نۇراخۇن قار تېيىلىش مەيدانىدا قار موتوسىكلىتى ھەيدىمەكتە. شۇ كۈنى، بۇ قار تېيىلىش مەيدانى ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بولۇپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى قار ـ مۇز ساياھىتىنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلىشقا جەلپ قىلدى.

□ خۋا يەنمىڭ فوتوسى

# ئائىلە بويىچە توپلىنىپ ئوپچە غىزالىنىشنى ئون ئادەم ئىچىدە كونترول قىلىش كېرەك

**مۇداپىئە كۆرسەتمىسى**

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **چاۋجىن، سۇ لۇپىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئاممىنى مۇنداق ئەسكەرتتى: زۆرۈر بولمىغان ئوپچە غىزالىنىش پائالىيەتلىرىنى ئازايتىش، سىرتقا چىقىپ غىزالانغاندا شەخسىي مۇداپىئەنى ياخشى قىلىش، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار توپلىنىش خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەندە، چوقۇم ئادەم سانىنى قاتتىق كونترول قىلىش، ئائىلە بويىچە توپلىنىپ ئوپچە غىزالىنىشنى ئون ئادەم ئىچىدە كونترول قىلىش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى ئاممىۋى سەھىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ياڭ خاۋفېڭ مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: چاغان مەزگىلىدە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار كىشىلەر توپىنىڭ توپلىنىش پائالىيەتلىرىنى ئازايتىشى، ئوپچە غىزالىنىدىغان كىشىلەر سانىنىڭ كۆلىمىنى كونترول قىلىشى كېرەك. شەخسلەرنىڭ ئائىلە بويىچە توپلىنىپ ئوپچە غىزالىنىشنى ئون ئادەم ئىچىدە كونترول قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆي ئىچىنىڭ ھاۋاسىنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك، قولنى پات ـ پات يۇيۇش، ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىش، بۆلۈپ غىزالىنىش تۈزۈمىدە، يۆتەلگەن، چۈشكۈرگەندە ئېغىزنى توسۇش قاتارلىق ياخشى تازىلىق ئادەتلىرىدە چىڭ تۇرۇش، يۆتىلىش، قىزىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەن ھامان، چوقۇم ۋاقتىدا كېسەل كۆرسىتىش كېرەك.

ياڭ خاۋفېڭ مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئەگەر سىرتقا چىقىپ غىزالىنىش، يىغىلىشقا توغرا كەلسە، جەزمەن ھەر ۋاقىت ھوشيارلىقنى ساقلاپ، ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، شەخسىي مۇداپىئەنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. يېمەكلىك تازىلىق شارائىتى ياخشى، ئىناۋىتى يۇقىرى يېمەك ـ ئىچمەك ئورۇنلىرىنى تاللاش كېرەك؛ تۈرلۈك ئاممىۋى سورۇنلارغا كىرىپ ـ چىققاندا ھەم ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرى، لىفت قاتارلىقلارغا چىققاندا، پۈتۈن مۇساپىدە جەزمەن ماسكا تاقاش كېرەك. باشقىلار بىلەن يېقىن ئارىلىقتا ئۇچرىشىشنى ئازايتىپ، بىر مېتىر ئىجتىمائىي ئارىلىقنى ساقلاش كېرەك. ئوپچە غىزالىنىشتا مەدەنىي بولۇش، ياۋايى ھايۋانلارنى يېيىشنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. ئائىلىگە يېمەكلىك سېتىۋالغاندا كۆلىمى چوڭ، ئىناۋىتى ياخشى، يېمەكلىك سۈپەت ئۆتكىلىنى ئىگىلىشى بىرقەدەر قاتتىق بولغان سودا سارىيى ياكى تاللا بازارلارغا بېرىپ تاللاپ سېتىۋېلىش، كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان يېمەكلىك ۋە ئۆلۈش سەۋەبى ئېنىق بولمىغان چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ياكى سۇ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالماسلىق، پىششىقلىماسلىق ۋە يېمەسلىك، ياۋايى ھايۋانلارنى سېتىۋالماسلىق، يېمەسلىك، يېمەكلىك خام ماتېرىيالىنىڭ پاكىز، بىخەتەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ساغلام غىزالىنىشتا چىڭ تۇرۇش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىشتىن پەخەس بولۇش كېرەك. گۆش تۈرىدىكى، دېڭىز (سۇ) مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى خام يېمەسلىك، تولۇق قورۇلمىغان، چala پىشقان يېمەكلىكلەر ھەمدە پوستى ئاقلانمىغان مېۋىلەرنى، خام كۆكتاتلارنى يېمەسلىك كېرەك. ياخشى بولغان شەخسىي تازىلىق ئادىتىنى ساقلاپ، يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇش ياكى غىزالىنىشتىن بۇرۇن قولنى يۇيۇشقا دىققەت قىلىش، خام بېلىق، خام گۆش ۋە خام ئۆي قۇشلىرىنى تۇتقاندىن كېيىن قولنى يەنە قايتا يۇيۇش كېرەك. تاماق ئەتكەندە، خام، پىششىق يېمەكلىكنى ئايرىپ پىششىقلاش، خام، پىششىق يېمەكلىك قاچىلىرىنى ئايرىپ ئىشلىتىش كېرەك. ئېشىپ قالغان يېمەكلىكنى ۋاقتىدا سوغۇق ساقلاش، ئېشىپ قالغان يېمەكلىك ۋە كېچىچە تۇرۇپ قالغان يېمەكلىكنى تولۇق قىزىتىپ ئاندىن يېيىش كېرەك. ئائىلە بويىچە ئوپچە غىزالانغاندا، زىيادە كۆپ يېيىشتىن ساقلىنىش، ئاشقازان ـ ئۈچەي ئىقتىدارى قالايمىقانلىشىش ۋە بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىش سەۋەبلىك كېسەل بولۇش خەۋپىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ياڭ خاۋفېڭ ئاخىردا مۇنداق ئەسكەرتتى: ئوپچە غىزالىنىشتا ئاممىۋى قوشۇق، ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىش، ئايرىپ غىزالاندۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشنى زور دەرىجىدە ئازايتىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېقىنقى مەزگىلدىكى مائارىپتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچەپ تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون مائارىپ سىستېمىسى سىياسىي يۈكسەكلىكنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كەم ـ كۈتىسىز ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەر، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەكتەپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنى سىجىل كۈچەيتىپ، مەكتەپنىڭ باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان مۇستەھكەم بازىغا ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، توغرا روھى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، چېگرانى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دىققەتنى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى، مەجبۇرىيەت مائارىپى، تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى، كەسپىي مائارىپ، ئالىي مائارىپنىڭ ماس تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مائارىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىپ، مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك. كەسپىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يىرىك پىلان ئارقىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، شىنجاڭغا مائارىپ ئارقىلىق ياردەم بېرىش بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەسىپ تەسىس قىلىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ خاسلىق يارىتىشى، سەۋىيە يارىتىشنى قوللاپ، يېتەكلەپ، ھۈنەرۋەن روھىغا ئىگە تېخىمۇ كۆپ ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. «يېڭى دەۋردىكى مائارىپنى باھالاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئومۇمىي لايىھەسى»نى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەكتەپ سىرتىدىكى ئوقۇتۇش ـ تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىغا بولغان نازارەتچىلىك، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ سىرتىدىكى ئوقۇتۇش ـ تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ قېلىپلاشقان، ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇش، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى مائارىپ خىزمىتىدىكى پرىنسىپاللىق، تۈپ خاراكتېرلىك ۋە يۆنىلىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى پۇختا ئىگىلەپ، چوڭ ئىشلارنى پىلانلاپ، چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇپ، مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ مىڭشەن، سۈن خۇڭمېي، ۋەن خېيچۈەن، ياڭ يۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ، بىر سادىدا، ئاق كۆڭۈل ياخشى ئادەمنىڭ تۇغما ئىنكاسى ئىدى. سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق كۆل سۈيىدە، ئۇ تاكى سېزىمنى يوقىتىپ مۇزدەك قاراڭغۇ كۆل ئاستىغا چۆكۈپ كەتكۈچە پۈتۈن كۈچى بىلەن بالىنى كۆتۈردى، ھاياتلىق نۇرىنى بالىغا قالدۇردى، بۇ، بىر كوممۇنىستنىڭ پارتىيە ئەزاسىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق «پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش» دېگەن جاراڭلىق قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكىنى ئىدى.

لاچىننىڭ ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئۇنىڭ قىسقا، ئەمما شانلىق ھايات مۇساپىسىنى ئەسلىسەك، مەيلى جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەرنى يېڭىپ قارلىق تاغ، چوڭقۇر جىلغىلاردا چېگرانى چارلىسۇن؛ ياكى ۋېيشىن دوستلار چەمبىرىكىگە «پامىر ئېگىزلىكىنى يورۇتتى نەنخۇنىڭ قىزىل نۇرى» دەپ يېزىپ، پارتىيەگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىسۇن؛ ۋە ياكى كاچكۇلغا سەكرەپ چۈشۈپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى ئېگىز كۆتۈرسۇن... ئۇنىڭ جىسمىدا پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، يۇرتنى قىزغىن سۆيۈش، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى چوڭقۇر ھەم قىزغىن ئىدى. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھاياتى بەدىلىگە جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان قەھرىمانلىق مەدھىيە ناخشىسىنى يازدى.

چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت ئۈن ـ تىنسىز بولىدۇ، سادىق روھ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. قەھرىماننىڭ نۇرى قەھرىماننىڭ كېتىشى بىلەن خىرەلەشمەيدۇ، ھەر قېتىم بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ پامىر ئېگىزلىكىدىكى بۈركۈتنىڭ قۇياشقا قاراپ قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، بىز لاچىننى ئەسكە ئالىمىز، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان روھى تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتىدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى:** xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)